### شى جىنپىڭ چاغاننىڭ ئالدىدا گۈيجوۋغا بېرىپ ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى

# پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلققە چاغانلىق گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشىنى تىلىدى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى، باي ـ قۇدرەتلىك بولۇشىنى تىلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ ئالدى بىلەن بىجيې شەھرىگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى. بىجيې ئىلگىرى غەربىي قىسمىدىكى نامرات رايونلارنىڭ تىپى ئىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا، گوۋۇيۈەن بىجيې «نامراتلارنى روناق تاپقۇزۇش ـ يۆلەش، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى» سىناق رايونىنى تەستىقلاپ قۇردى. شى جىنپىڭ بىجيېنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، بىجيې سىناق رايونىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا ئۈچ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، «بىجيې سىناق رايونىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش يىرىك پىلانى(2013 ـ يىلىدىن 2020 ـ يىلىغىچە)»نى ياخشى يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، بىجيې ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سىناق رايون قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى، 2020 ـ يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى.

ۋۇجياڭ دەرياسى گۈيجوۋ ئۆلكىسىدىكى بىرىنچى چوڭ دەريا، شۇنداقلا چاڭجياڭ دەرياسى يۇقىرى ئېقىنىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى ئەڭ چوڭ تارماق ئېقىن. بىجيې شەھىرى چيەنشى ناھىيەسىنىڭ شىنرېن مياۋزۇ يېزىسىدىكى ۋۇجياڭ دەرياسىنىڭ ليۇچۇڭ بۆلىكىدە، شى جىنپىڭ ۋۇجياڭنىڭ تاغ ـ دەريالىرىغا يىراقتىن نەزەر سالدى، ۋۇجياڭ دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ـ قوغداش، بېلىق تۇتۇشنى چەكلەشنى يولغا قويۇش قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى.

شى جىنپىڭ خۇاۋۇ پىرىستانىغا كېلىپ، دەريا قىرغىقىنى بويلاپ مېڭىپ ۋۇجياڭ دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ۋە سۇ سۈپىتى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، شۇ جاينىڭ دەرياغا بۇلغىما چىقىرىش ئېغىزلىرىنى باشقۇرۇش ۋە سۇ سۈپىتىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۇسۇلىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مەھكەم تۇرغۇزۇپ، تەرەققىيات ۋە ئېكولوگىيەدىن ئىبارەت ئىككى تۆۋەن چەكنى ساقلاپ، تىرىشىپ ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان، يېشىل تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى يولنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

ئارقىدىنلا، شى جىنپىڭ خۇاۋۇ كەنتىگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. خۇاۋۇ كەنتى ئىلگىرى ئېغىر نامرات كەنت ئىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، نامرات نوپۇسنى نۆللەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. شى جىنپىڭ خۇاۋۇ كەنتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى.

مياۋزۇ كەنت ئاھالىسى جاۋ يۇشۆنىڭ ئۆيىدە، شى جىنپىڭ تۇرمۇش، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈردى، جاۋ يۇشۆ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە شۇ جاينىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىق يېمەكلىكى خۇاڭبانى تەييارلىدى ھەم پاراڭلاشتى. جاۋ يۇشۆ باش شۇجىغا، ئەسلىدە سۇ، توك يەتكۈزۈلمىگەن، يول تۇتاشتۇرۇلمىغان كەپە ئۆيدە ئولتۇراتتۇق، ھازىر ئىككى قەۋەتلىك كىچىك بىنادا ئولتۇرىدىغان بولدۇق، سۇ، توك يەتكۈزۈلدى، يوللار تۇتاشتۇرۇلدى، دېدى. شى جىنپىڭ ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشتىكى ئاساسىي تەدبىر. يېزا ـ كەنت كەسپلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا قولايلىق يارىتىپ، ئاممىنى ھەم كىرىم قىلىش ھەم ئائىلىسىدىكىلەرگە قاراش، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئۇ جاۋ يۇشۆ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى بەختلىك، شېرىن بولۇشىنى تىلىدى.

خۇاۋۇ كەنتى مياۋزۇلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، جۇڭگودىكى ئەل ئىچى مەدەنىيەت ـ سەنئەت يۇرتى. شى جىنپىڭ نامراتلارنى يۆلەش سېخىغا كىرىپ، خاس مياۋزۇ كەشتىچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: مىللەتنىڭ دېمەك دۇنيانىڭ دېمەكتۇر. خاس مياۋزۇ كەشتىسى ھەم ئەنئەنە ھەم مودا، ھەم مەدەنىيەت ھەم كەسىپ بولۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇپلا قالماي، يەنە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولالايدۇ، مياۋزۇ كەشتىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ياخشى ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

كەنت مەدەنىيەت مەيدانىدا، يۇرتداشلار چاغانلىق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇۋاتقان بولۇپ، دۇمباق چېلىپ، قومۇش نەي چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ، مياۋزۇلارنىڭ شادىيانە مېھمان كۈتۈش ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى. باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىك تەڭلا «باش شۇجى ياخشىمۇسىز» دەپ تەنتەنە قىلدى. شى جىنپىڭ سەممىي ھالدا يۇرتداشلارغا مۇنداق دېدى: بۇ يىل بىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى كۈتىۋالىمىز. جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلە، 56 مىللەت 56 گۈل. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا بىرمۇ مىللەتنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ؛ ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بىر مىللەتنىمۇ چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يۇرتداشلارنىڭ داۋاملىق تىرىشىپ جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىپ، يېزا ـ كەنت كەسپلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، يېزا ـ كەنتلەرنى تېخىمۇ گۈزەل قۇرۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئايرىلىدىغان چاغدا، يۇرتداشلار كۆزى قىيمىغان ھالدا باش شۇجىنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، مياۋزۇلارنىڭ مېھماننى ئېلىپ قېلىش ناخشىسىنى ئوپچە ئېيتتى، چوڭقۇر مۇھەببەتلىك ناخشا ساداسى ۋۇجياڭ دەرياسى ئاسمىنىدا ئۇزاققىچە ياڭرىدى.

شى جىنپىڭ 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى گۈيياڭ شەھىرىدە تەكشۈرۈشتە بولدى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن گۈەنشەنخۇ رايونىدىكى خې لى خەلققە نەپ يەتكۈزۈش تىرىك، يېڭى مەھسۇلاتلار تاللا بازىرىغا كېلىپ، چاغان ئالدىدىكى بازار تەمىناتى، چاغانلىق مال بىلەن تەمىنلەش ـ سېتىش، مال باھاسىنىڭ ئايلىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى كۆزدىن كەچۈردى. خەلققە نەپ يەتكۈزۈش تىرىك، يېڭى مەھسۇلاتلار زەنجىرسىمان تاللا بازىرىنى گۈيياڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروت كارخانىلىرى ھەمكارلىشىپ قۇرغان بولۇپ، تاۋارلارنى تەكشى باھادا پارچە ساتىدىغان ئاممىۋى مەنپەئەت خاراكتېرىگە ئىگە ئاخىرقى ئۇچ بەرپا قىلىپ، پۇقرالارنىڭ «كۆكتات سېتىۋېلىشى قىيىن بولۇش، كۆكتات سېتىۋېلىشى قىممەت بولۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شى جىنپىڭ تاۋارلارنىڭ باھاسىنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرۈپ، شۇ جاينىڭ «كۆك ـ تاق»، «ئاشلىق»، «مېۋە» قاتارلىقلار تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: خې لى خەلققە نەپ يەتكۈزۈش تىرىك، يېڭى مەھسۇلاتلار تاللا بازىرىنىڭ تىجارەت ئەندىزىسى ئىنتايىن ئۆزگىچە ئىكەن، ھۆكۈمەت يېتەكچى بولۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلار بىرلىشىپتۇ، بىر ئۇچى ئېتىز ـ ئېرىقلاردىكى دېھقانلارغا تۇتاشقان، بىر ئۇچى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان شەھەر ئاھالىسىگە تۇتاشقان بولۇپ، دەسمايىنى ساقلاپ ئاز پايدا ئېلىش تىجارىتىدە چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈپ، كۆچنى بىرلەشتۈرۈپ خەلققە نەپ يەتكۈزۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپتۇ، بۇ خىل ئەندىزە ۋە تىجارەت ئىدىيەسى كېڭەيتىشكە ئەرزىيدۇ.

چاغانلىق مال سېتىۋېلىشقا كەلگەن ئامما باش شۇجىدىن قىزغىن ئەھۋال سورىدى. شى جىنپىڭ سەممىيلىك بىلەن كۆپچىلىكتىن چاغانلىق ماللارنى يېتەرلىك تەييارلىغان ـ تەييارلىمىغانلىقىنى سورىدى. شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەر ۋە رەھبىرىي كادىرلار پۇقرالارنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى پۇختا تۇتۇشى، ياخشى تۇتۇشى، بولۇپمۇ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پۇقرالارنىڭ چاغاننى كۆڭلى توق، خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

گۈەنشەنخۇ رايونى جىنياڭ كوچا باشقارمىسى جىنيۈەن مەھەللىسى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى تورى، تىنچ ـ ئامانلىق تورى، خەلق تۇرمۇشى تورىدىن ئىبارەت «ئۈچ تورنىڭ يۇغۇرۇلۇشى»نى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. شى جىنپىڭ جىنيۈەن مەھەللىسىگە كېلىپ خەلققە قولاي مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاساسىي قاتلام كۈچەيسە دۆلەت كۈچىيىدۇ، ئاساسىي قاتلام تىنچ بولسا دۆلەت تىنچ بولىدۇ، جەزمەن ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، شەھەر، يېزا، مەھەللە تەشكىلاتلىرى ۋە خەلققە قولاي مۇلازىمەت مەركەزلىرىنى ياخشى قۇرۇپ، مەھەللىنىڭ خەلقنى كۆزلەش، خەلققە قولايلىق يارىتىش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش فۇنكسىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىياجى بولسا، مەھەللىنىڭ مۇلازىمىتى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەھەللىنى ئاھالىلەر ئەڭ خاتىرجەم بولىدىغان، ئەڭ كۆڭلى تىنىدىغان جايغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسى يەنىلا مۈشكۈل. يۇقۇمنىڭ تارقىلىش خەۋپ ـ خەتىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈش تەشەببۇس قىلىنىدى. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈشتىكى مۇلازىمەت كاپالىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنى ئالاھىدە ھەم ئىللىق چاغان ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

مەھەللە مەيدانىدا، ئاھالىلەر ئۈنلۈك ئاۋازدا باش شۇجىدىن ئەھۋال سورىدى. شى جىنپىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن كۆپچىلىككە قول ئىشارىسى قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى، كۆپچىلىكنىڭ يېڭى بىر يىلدا ھەممە ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇشىغا، تېخىمۇ ياخشى بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئۆتكەن بىر يىل ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بولدى، شىددەتلىك دولقۇنمۇ بولدى، جاسارەت بىلەن ئېلىشىشمۇ بولدى، تېخىمۇ مۇھىمى مۆجىزىۋى مۇۋەپپەقىيەت ۋە غەلىبە بولدى، ھەربىر كىشى بىۋاسىتە ھېس قىلدى، ھەربىر كىشى قاتناشتى. بۇ يىل بىز «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى يولغا قويۇشنى باشلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا قاراپ ئاتلىنىمىز، بىز داۋاملىق بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، غەيرەت قىلىپ ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ يېڭى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز، يېڭى مەنزىل ئېچىشىمىز كېرەك.

گۈيجوۋ ئۆلكىسىگە جايلاشقان دىيامېتىرى 500 مېتىر كېلىدىغان شار يۈزلۈك رادىيو تېلېسكوپ نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ يەككە دىيامېتىرلىق رادىيو تېلېسكوپ بولۇپ، «جۇڭگو تيەنيەن» دېگەن نامى بار. 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ «جۇڭگو تيەنيەن» تورىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پەن تەتقىقات تايانچلىرىنى سەممىي قوبۇل قىلىپ، «جۇڭگو تيەنيەن»نىڭ قۇرۇلۇش مۇساپىسى، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، خەلقئارا ھەمكارلىق قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «جۇڭگو تيەنيەن» دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكا ئۇل ئەسلىھەسى، ئالەمنى كۆزىتىشتىكى غايەت زور كۆزى، دۆلەتنىڭ مۇھىم قورالى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئەسلىي ئىجادىيەتلىك بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، نەن رېندۇڭ ۋەكىللىكىدىكى زور بىر تۈركۈم پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز خىزمەت قىلغانلىقى، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى كىشىنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ.

شى جىنپىڭ سىن ئارقىلىق «جۇڭگو تيەنيەن» نەق مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم باش كونترول ئۆيىدىكى پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ھەم پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ چاغىنىنى تەبرىكلىدى. شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا، جەزمەن پەن ـ تېخنىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق ۋە تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇ كەڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى نەن رېندۇڭ قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملارنى ئۈلگە قىلىپ، ئالىملار روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن دۇنيا پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ، بىر قىسىم ساھەلەردە تەڭ يۈگۈرۈش، يېتەكلەپ يۈگۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇشنى تېزلىتىش، پەن ـ تېخنىكىدا ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ گۈيجوۋ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، گۈيجوۋنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، گۈيجوۋنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئارقىلىق پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات ۋە ئېكولوگىيەدىن ئىبارەت ئىككى تۆۋەن چەكنى ياخشى ساقلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىك خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يېڭى دەۋردە غەربىي قىسىمنى كەڭ ئېچىشتا يېڭى يول ئېچىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، رەقەملىك ئىقتىساد ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتا يېڭى پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدا يېڭى نەتىجە يارىتىپ، پۇقرالىرى باي، ئېكولوگىيەسى گۈزەل بولغان جەلپكار گۈيجوۋنىڭ يېڭى كەلگۈسىنى تىرىشىپ يارىتىشنى ئۈمىد قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىجادىي تەرەققىيات يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى مۇقەررەر تاللاش. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشنى كۆزلەپ، چوڭ سانلىق مەلۇمات بىلەن ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئىستېمال ئېھتىياجىنى پائال قوزغاپ بېرىپ، ئىستېمال يېڭى ئەندىزىسىنى كېڭەيتىپ، ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قويۇپ بېرىش كېرەك. ئىسلاھاتنىڭ باشلامچىلىق قىلىش ۋە بۆسۈش ھاسىل قىلىش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭقۇر قاتلاملىق تۈزۈلمە ـ مېخانىزم مەسىلىسىنى تېخىمۇ كۆپ ھەل قىلىپ، كۆپرەك يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرلىك ئىزدىنىپ، تۈزۈم خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى كۆپرەك قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. غەربىي قىسىم قۇرۇقلۇق، دېڭىز يېڭى ئۆتكۈ قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونىنىڭ تەرەققىياتىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىشىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى بويلاپ «چىقىرىش»نى تېزلىتىپ، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى كۈچەيتىپ، «تۆتنى توختاتماسلىق» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كىرىم ئۆزگىرىشىنى ۋە «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى مۇستەھكەملەش ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ، قەرەللىك تەكشۈرۈپ، ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زورايتىپ، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، باشقا جايغا كۆچۈرۈلگەن ئاممىغا قارىتا كېيىنكى داۋاملىق يۆلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. شەھەر، يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېزا ـ كەنت كەسپلىرى، ئىختىساسلىقلىرى، مەدەنىيىتى، ئېكولوگىيەسى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)